责任编辑：米克丽·阿布都热合曼
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提.亚森
封面设计：阿里甫·夏
技术编辑：买买提艾力·里提甫

# 阿凡提笑话的人生智慧

(3)

(维吾尔文)

艾克拜尔.吾拉木　整理

---

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　3.25印张
2002年5月第1版　2006年1月第2次印刷
印数：5071—8070

ISBN7－5371－4032－4/C·107　定价:5.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرىگۈل ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
تېخىرىداكتورى: مۇھەممەد ئەلى لىتىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر

(3)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر غۇلام

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.25
2002 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 1 - ئاي 2 - بېسىلىشى
ISBN7—5371—4032—4/C • 107
سانى: 5071—8070
باھاسى: 5.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


ھېچنېمە ........................................................ 1
كىم كېپىللىك قىلالايدۇ ................................ 2
ئېگىز قەبرە ............................................ 3
ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق.............................. 4
دەلدۈش دېگەن ئۆزىڭىز ............................ 5
ئاغىنەمنىڭ سانى .............................. 6
شەيتاننىڭ قىياپىتى ................................ 7
ئىسسىق شورپا ۋە سوغۇق شورپا ............ 8
گال ئۇستىرا ........................................ 9
بىتاقەت بولۇش ............................... 10
ئەپسۇن........................................... 11
موزاينى ئەرەپچە نېمە دەيدۇ...................... 12
ئۆزۈڭىزمۇ قوغلىۋەت ........................... 13
چىراغنىڭ پايدىسى ................................ 14
پۇلىڭىزنى ھازىر ئېلىۋېلىڭ ...................... 15
سەۋەبى ئىككى ............................................ 16
تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسۇن ...................... 17
ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىسەن؟ ............... 18
ئىلھام ۋە ھورۇن ................................ 19
مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى ...................... 20
چاشقان مۇشۇككە يولۇققاندەك........................ 21
چىۋىن بار ........................................ 22
ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم
ئەمەس ........................................... 23

ۋاقتنى ئالدىغا سۈرۈۋېتىپتۇ ........................ 24
قارا ساقال ۋە ئاق ساقال ........................ 25
بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ ........................ 26
ئىشىكنى سولاش ........................ 27
راست بىلەن يالغان ........................ 28
مانا مۇشۇنداق چىقىلىپ كەتتى ........................ 29
غەيۋەت قىلماڭلار ........................ 30
ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ ئادەم قۇتقۇزالىسۇن؟ ........ 31
قىرىلىقنىڭ ئالامىتى ........................ 32
مۇنارنى ھەرىدىۋېتىمەن ........................ 33
ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى ........................ 34
ئېكىنچى ياكى ئېشەك ........................ 35
ئالتۇن ئۈزۈك ........................ 36
ئالمىنىڭ يوغانلىقى ........................ 37
سازەندە ........................ 38
سىزنىڭمۇ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا ........................ 39
سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ........................ 40
سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت ........................ 41
ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن! ........................ 42
ئېگەردىن چۈشمىدىم ........................ 43
تاپان ھەققى ........................ 44
ۋاپا قىلمىغان كەشە ........................ 45
قەيەردىن ئۆتۈشنى مەنمۇ بىلمەيمەن ........................ 46
نېمىشقا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكتۈرمايسىز؟ ........ 47
چىغىر يول ........................ 48
كۆلدە سۇ بولمىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى...... 49
مەنسەپكە لايىق ئۆي ........................ 50
خۇدايىم بۇيرۇسا ........................ 51




www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالتىس چارە ........................ 52
ئەخمەق بىلەن كالۋا........................ 53
ئالدىنىش ........................ 54
باراۋەر بولۇش ........................ 55
بۆلۈشۈش ........................ 56
ئىشقىلىپ مەن بۇزمىدىم........................ 57
ئىچىدە مەن بار تۇرسام! ........................ 58
ئەخمەق توخۇلار ........................ 59
خۇرجۇندا ........................ 60
سۈت توشۇيدىغان ئات ........................ 61
ئۇچىدىغان ئۇخشايدۇ ........................ 62
زادى كىم ساتىدۇ ........................ 63
ئەسلىدىمۇ نىيىتىم بار ئىدى ........................ 64
ئاچقۇچ ئىزدەش ........................ 65
پەرىجىنى تېپىپ كەل ........................ 66
ئېشەكنىڭ ئۇستىدە مەن بولغان بولسام قانداق
قىلاتتىم؟ ........................ 67
ئەقىللىق بۆرە ........................ 68
قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي ........................ 69
ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم........................ 70
مۈشۈكنى ئاداشتۇرۇش........................ 71
چۆكۈرۈۋېتەي دەيمەن ........................ 72
ئالما كۆچىتى ........................ 73
شۇ كېلىشىڭ راست بولسا ........................ 74
ئەپەندىنىڭ تۇرنىسى........................ 75
مەسئۇلىيەت دائىرىسى ........................ 76
يامان بۇلاق ........................ 77
سىزمۇ ئۇيالماسىز ........................ 78

ئەپەندى ۋە هامىمال ........................ 79
ماڭا يازغان خەت ئەمەس ........................ 80
تېخى ئويلاشمىدىم ........................ 81
پېشكەللىك ........................ 82
ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا ........................ 83
بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە ........................ 84
ياشلىقىمىزۇ چاغلىق ئىدى ........................ 85
ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كىلىدۇ ........................ 86
گۆشنى تۇزلىۋالىدۇ ........................ 87
ئۆز قولىغا بەردىم ........................ 88
ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي ........................ 89
يەنە تۆت يىل مىنىسىڭىز ........................ 90
ئوغرىدا گۇناھ يوقمۇ؟ ........................ 91
بايغا قوي سويۇپ بېرىۋاتىمەن دەپ ئويلاپتىمەن ........................ 92
كەلكۈن ........................ 93
ئۆيۈمدىكى بوراندىن قېچىپ ........................ 94
ئەقىلگە ۋارىسلىق قىلىش ........................ 95




ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ھېچنېمە

ئەپەندى ناھايىتى بېخىل بىر ئادەم بىلەن سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشلۈكى ئەپەندى ئەكەلگەن نان بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇمنى يەپتۇ. كەچ بولغاندا، بېخىل ئادەم دەريا بويىغا ئۆزى يالغۇز بېرىپ، ئەكەلگەن گۆشنى ئوغرىلىقچە يەپتۇ.

ئەپەندى بۇنى بايقاپ قېلىپ:

— ئاداش، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھېچنېمە! — دەپتۇ بېخىل گۆشنى دەرھال كەينىگە تىقىپ.

— ھېچنېمىڭىزنى چىقىرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى، — ھېچنېمىڭىزنى بولسىمۇ تەڭ يەيلى!



www.uyghurkitap.com

# كىم كېپىللىك قىلالايدۇ

ئۆزىنى بىلىملىك چاغلايدىغان بىر ئادەم، قېلىن كىتابتىن بىرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەتراپتىكى ئادەملەرگە:

— ئەگەر سىلەر مۇشۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقساڭلار، سىلەرنىڭ ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالىدىغانلىقىڭلارغا كېپىللىك قىلىمەن، — دەپتۇ.

— خوش، سىزنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققانلىقىڭىزغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېگىز قەبرە

بىر كۈنى، يېزىدىكى يۇزبېشى تۇگەپ قاپتۇ. ئەپەندى نامىزىغا قاتناشقىلى بېرىپتۇ ھەمدە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «خۇدايىم مەرھۇمنىڭ روھىنى ئېگىز قەبرىنىڭ ئىچىدە قىلغاي» دەپ دۇئا قىپتۇ.

— ھەي ئەپەندى، قانداق دۇئا بۇ! مەرھۇمنىڭ روھى جەننەتتە بولغاي دەپ دۇئا قىلسىڭىز بولاتتى، — دەپتۇ بىرەيلەن ئەپەندىگە.

— مەرھۇم ھايات چېغىدا، يۇقىرىغا يامىشىشقا ئامراق ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنمۇ يۇقىرىغا يامىشىپ، ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، جەننەتكە كىرەلمەي قالمىسۇن دەپ ئەنسىرىدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

# ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق

بىر كۈنى، ئەپەندى كوچىدا ۋەز ئېيتىپتۇ. ئارقىدىن نۇرغۇن پاكىتنى كۆرسىتىپ، ناھىيە ھاكىمىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ.

— ئەپەندى، سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز قايسى ھاكىم، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان ھاكىم چىرايى تاتارغان ھالدا.

— قايسى ھاكىم ئىكەنلىكىنى ئانچە ئېنىق بىلمەيمەن، ئۆز كۆزۈم بىلەنمۇ كۆرگىنىم يوق، مەن پەقەت خەقلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# دەلدۈش دېگەن ئۆزىڭىز

ئەپەندى گۈللۈكتە مەدھىيە شېئىرى يادلاپتۇ:

— سۆيۈملۈك مەشۇقۇم، مېنىڭ يۈرىكىمدە پەقەت سەنلا بار، مېنىڭ كۆزۈمگە پەقەت سەنلا كۆرۈنىسەن!

چاقچاقچى بىر ئادەم بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ئەگەر ھازىر كۆز ئالدىڭىزدا بىر دەلدۈش پەيدا بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى ئازراقمۇ ئىككىلەنمەستىن جاۋاب بېرىپتۇ:

— ئۇ دەلدۈش ...ئۆزىڭىزغۇ دەيمەن!



www.uyghurkitap.com

# ئاغىنەمنىڭ سانى

ئەپەندى قازى بولغاننىڭياقى، ئۇنىڭ ئۆيگە كېلىدىغان ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي. ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىمۇ ئۇپراپ كېتىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن بىر قوشنىسى ئەپەندىگە:

— ۋاي - ۋۇي ئەپەندى، ئاغىنىلىرىڭىز شۇنچىمۇ كۆپ بولامدىغان، كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ سانى يوققۇ دەيمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قانچىلىك ئاغىنەمنىڭ بارلىقىنى هازىر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئاغىنەمنىڭ سانىنى مەن قازىلىقتىن چۈشكەندە سوراڭ.



# شەيتاننىڭ قىياپىتى

بىر كۈنى، بىر ھىيلىگەر دەللال ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاڭلىسام سىزنى شەيتان بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىدۇ دەيدۇ، شەيتاننىڭ قىياپىتى زادى قانداق؟

— شەيتاننىڭ قىياپىتىنى مەندىن سورىغۇچە، كەچتە ئەينەككە قارىسىڭىزلا بىلىسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئىسسىق شورپا ۋە سوغۇق شورپا

بىرىنىڭ كۇرد تىلى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئەپەندى، قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا مۇئەللىم بولماقچى بوپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەپەندىنىڭ كۇرد تىلى ئاساسى پەقەت بىرقانچە سۆزلەر بىلەنلا چەكلىنىدىكەن.

— مۇئەللىم، كۇرد تىلىدا «ئىسسىق شورپا» دېگەننى نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— كۇرد تىلىدا «سىجاق ئاش» دەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا «سوغۇق شورپا»نى نېمە دەيدۇ؟

ئەپەندى سۆزنى دەماللىققا ئويلاپ تاپالماي:

— سىز بۇ سۆزنى ئۆگەنمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈنكى كۇردلار ئەزەلدىن سوغۇق شورپا ئىچمەيدۇ، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گال ئۇستىرا

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى:

— ئەپەندى، چېچىڭىز بەك ئۇسۇپ كېتىپتۇ، قېنى ئولتۇرۇڭ، ئېلىپ قوياي، — دەپتۇ.

ئەپەندى ماقۇل بوپتۇ. ئاغىنىسى بىر گال ئۇستىرا بىلەن ئەپەندىنىڭ چېچىنى چۇشۇرۇشكە باشلاپتۇ. ئەپەندى ئاغرىققا ئاران چىداپ، كۆزىنى يۇمۇپ جىم ئولتۇرۇپتۇ.

— ئەپەندى، خۇشىيېقىپ كېتىپ ئۇخلاپ قېلىۋاتامسىز نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ئەپەندىدىن.

— شۇنداق، تېخى چۇشمۇ كۆرۈۋاتىمەن. چۇشۇمدە بىر ئىت ھەدەپ بېشىمنى غاجاۋاتقۇدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



## بىتاقەت بولۇش

ئەپەندى ئېشىكىنى يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ھەممە ياقلارنى ئىزدەپ چىقىپتۇ. بىراق ئەپەندى بولسا ئانچە بىتاقەت بولماپتۇ.

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىز يىتۇپ كەتسىمۇ بىتاقەت بولمايسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرەيلەن.

ئەپەندى قولى بىلەن يىراقتىكى تاغنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ تاغنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئادەملەر تېخى ئۇ يەرگە بېرىپ ئىزدىمىدى، ئەگەر ئۇلار ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىسا، ئەنە شۇ چاغدا بىتاقەت بولساممۇ ئۈلگۈرىمەن، — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# ئەپسۇن

ئەپەندى موزدوزلۇق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، شەھەردىكى بىر داخان كېلىپ:

— ئەپەندى، مەسىمنىڭ ئۆچى يىرتىلىپ كەتتى، ماڭا ھازىرلا ياماپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— موللام، مېنىڭ ھازىر ۋاقتىم يوق، ئەتىلىككە كېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.

— بولمايدۇ، ماڭا ھازىرلا ياماپ بېرىسىز، بولمىسا مەن ئەپسۇن ئوقۇپ، سىزنى ئېشەكتىن چىقالماس قىلىپ قويىمەن، — دەپتۇ داخان ھەيۋە قىلىپ.

— ئەگەر سىزنىڭ ئەپسۇنىڭىز شۇنداق سېھىرلىك بولسا، مەسىڭىزغىلا ئەپسۇن ئوقۇپ، ئۇنى ئەمدى يىرتىلمايدىغان قىلىۋېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ

ئەپەندى مەدرىسىدە ئەرەبچە ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىدا، ئاخۇنۇم ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، موزاينى ئەرەبچە نېمە دەيدۇ؟

ئەپەندىنىڭ ئېسىگە دەرھال ئەرەب تىلىدىكى موزاي دېگەن سۆز كەلمەي، بۇقا دېگەن سۆز كەپتۇ. ئۇ بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— ئەرەبلەر ئىنتايىن سەۋرچان كېلىدۇ، ئۇلار چوقۇم موزاي بۇقا بولغۇچە سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىدۇ، موزاي بۇقا بولغاندىن كېيىن، بۇقىنى «بەكەر» دەپ چاقىرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت

دائىم ئەپەندىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى - بۇنى سوراپ ئارام بەرمەيدىغان بىر ئادەم، بىر توپ بالىنىڭ ئەپەندىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئەپەندى، بۇ شۇمتەكلەرنىڭ ھەممىسىنى قوغلىۋېتەيمۇ؟ — دەپتۇ.

— ئەجەب ياخشى گەپ قىلدىڭ، بۇ بالىلارنى قوغلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزۈڭنىمۇ قوغلىۋەت! — دەپتۇ ئەپەندى شۇئان.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

# چىراغنىڭ پايدىسى

كۆزى ئانچە ياخشى كۆرمەيدىغان ئەپەندى بىر كۈنى چايخانىدا ھەدەپ پو ئېتىپتۇ:

— بەش بارماقنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇدا، ھەرقانداق نەرسىنى ئوپئوچۇق كۆرەلەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، نېمە ئۈچۈن دائىم كەچلىرى يول يۈرگەندە چىراغ كۆتۈرۈۋالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەتراپىدا ئولتۇرغانلار كۈلۈشۈپ.

— ئەي، ئۇ دېگەن كۆزى ياخشى كۆرمەيدىغانلارنىڭ ماڭا سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۆتۈرۈۋالغان چىراغ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# پۇلىڭىزنى ھازىر ئېلىۋېلىڭ

ئىككى ئادەم پۇل جېدىلى قىلىشىپ كوچىدا سوقۇشۇپ قاپتۇ.

— پۇلۇڭنى بەرمەيمەنغۇ، قېنى مېنى نېمە قىلالايتتىڭ؟ — دەپتۇ بىرى.

— بەرمىسەڭ بەرمە، سەن بىلەن قىيامەتتە ھېسابلىشىمەن، شۇ چاغدا بەرمىگىنىڭنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ يەنە بىرى.

دەل شۇ چاغدا، ئەپەندى كېلىپ قاپتۇ - دە، ئالارمەنگە:

— بۇرادەر، سىز ئۇنىڭغا بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى گەپ قىلىپ پۇلىڭىزنى ئېلىۋالغىنىڭىز ياخشى، قىيامەتكە بارغاندا ئېلىۋالغىنىڭىز بىلەنمۇ خەجلەيدىغان يەر تاپالمايسىز! — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# سەۋەبى ئىككى

ئەپەندى پادىشاھغا مەسلىھەتچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرى-
دە، پادىشاھ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— سىزنىڭچە كىمنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىسەك مۇۋا-
پىق بولار؟

ئەپەندى ھېچ ئىككىلەنمەستىن:

— پالانچىنى تەيىنلىسەك مۇۋاپىق بولىدۇ! ئەگەر ئۇ
بارسا، چوقۇم خەلق ئۈچۈن باش قاتۇرىدۇ، — دەپتۇ.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، لېكىن، ئۇ سىزنىڭ ئەشەددىي
دۈشمىنىڭىزتىغۇ؟ سىز نېمە ئۈچۈن ئۇنى كۆرسىتىپ
قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.

— ئالىيلىرى، بۇنىڭ سەۋەبى ئىككى، بىرى، سىز
مەندىن كىم مۇۋاپىق دەپ سورىدىڭىز، كىم بىلەن يېقىن
ئۆتىسىز دەپ سورىمىدىڭىز. ئىككىنچىسى، ئۇ بۇ يەردىن
كېتىپ، مەندىن يىراقراق تۇرسا، مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخ-
شى ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسۇن

بىر يىلىنىسى، قۇرغاقچىلىق بولۇپ، ئۇزۇنغىچە يامغۇر ياغماپتۇ. يېزىدىكى ئادەملەر يامغۇر تىلەپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىئانە توپلىماقچى بولۇشۇپتۇ. ئىئانە توپ-لىغۇچى ئەپەندىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن ئىئانە تەلەپ قىلسا، ئەپەندى بىر تىيىنمۇ بەرمەپتۇ. ئىئانە توپلىغۇچى ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، ئەگەر يامغۇر ياغسا، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن بېغىڭىزغىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

— بولدى يامغۇر ياغقاندا، يامغۇرنىڭ بۇلۇتى بىزنىڭ ئۆينىڭ تېمىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسۇن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ھەممىدىن بەك نېمىدىن قورقىسەن؟

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئاش پىشىپ، ئەمدى يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، مەھەللىدىكى كىمنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقسا، شۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرىدىغان بىر ئادەم كىرىپ كەپتۇ.

ئەپەندىنىڭ دادىسىنىڭ بۇنىڭغا گەرچە قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا تاماق قويۇپ، مېھمان قىپتۇ.

قىچقارمىغان مېھمان يەپ - ئىچىپ راسا تويغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغان گۆدەك ئەپەندى تۇيۇقسىز دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، سەن ھەممىدىن بەك قانداق تاماقنى ياخشى كۆرىسەن؟

— بالام، مەن ھەممىدىن بەك خەقنىڭ ئۆيىدىكى تاماقنى ياخشى كۆرىمەن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى.



— دادا، سەن نېمىدىن بەك قورقىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ گۆدەك ئەپەندى يەنە.

— بالام، مەن تاماق يەۋاتقاندا مېھمان كېلىشىدىن بەك قورقىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىنىڭ دادىسى.

# ئىلهام ۋە هۇرۇن

بىر يىگىت يۇمۇر سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدىكەن، بىراق زادىلا قاملاشتۇرالمايدىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ يۇمۇرىستىك تۇيغۇسىنىڭ كەملىكىدىن ئۆكۈنىدىكەن.

بىر كۈنى، ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئەپەندىگە ئۇچراپ قاپتۇ - دە، خۇشال هالدا يۇگۈرگىنىچە بېرىپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاڭلىشىمچە، سىزنى ئىلهامغا بەك باي دەيدۇ، مەن نېمىشقا هەرقانچە قىلىپمۇ ئىلهامغا ئېرىشەلمەيمەن؟

— شۇنداقمۇ؟ بەلكىم ئىلهامنىڭ هۇرۇن بىلەن ئاغىنە بولغۇسى كەلمىگەندۇر! — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى

بىر يىلى، ئەپەندى راۋۇرۇس پۇل تېپىپتۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ قەدىناس ئېشىكىگە مىنىپ يۈرۈپتۇ. بىر باي ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندى، سىز ھازىر باي بولدىڭىز، يەنە نېمىشقا بۇ قېرى ئېشىكىڭىزنى مىنىپ يۈرىسىز؟ بالىڭىز جېنىدا ئېسىل ئاتقا مىنىپ يۈرىدۇ؟ — دەپتۇ.

— راست دەيسىز، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى باي ـ دە، مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندى.



# چاشقان مۇشۇككە يولۇققاندەك

بىرى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىزنىڭ كەمبەغەل تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار - دە، بىراق مېنىڭ ئۇلارنى كۆرگۈم كەلمەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئەپەندى، سىزنىڭ باي تۇغقانلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار - دە، بىراق ئۇلار مېنى كۆرگەندە خۇددى چاشقان مۇشۇككە يولۇققاندەك، يىراقتىنلا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلىكترونلۇق ئادرېسى

# چىۋىن بار

ئەپەندىنىڭ تام قوشنىسى پىخسىقلىقتا داڭق چىقارغان بولۇپ، تاماق يېگەندىمۇ تاماقنىڭ پۇرىقى چىقىپ كەتمىسۇن دەپ، ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋالىدىكەن.

بىر كۈنى، قوشنىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان بىر ئاغىنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن باشقا، ھېچكىم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەپ باقمىغانمۇ دەيمەن!

— ياق، يەنە بىرى بار، — دەپتۇ ئەپەندى.

— كىم ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ.

— چىۋىن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئاغىنىسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەم
# ياخشى ئادەم ئەمەس

ئەپەندى بىر ئاغىنىسى بىلەن ئورمانلىقتا ئوينىغىلى بېرىپتۇ. تۇيۇقسىز بىر تۈپ قارىغاينىڭ كەينىدىن بىر ئېيىق ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

ئەپەندىنىڭ ئاغىنىسى قورقىنىدىن يۈگۈرگىنىچە بىر تۈپ قارىغاينىڭ بېشىغا چىقىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ. ئەپەندى دەرھال ئېيىقنىڭ ئۆلۈك ئادەمنى يېمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يەردە ئۆلۈكتەك يېتىۋاپتۇ، ئاغزىنىمۇ تىنىقىنى چىقارماپتۇ. ئېيىق ئىغاڭشىپ كېلىپ، ئەپەندىنىڭ بەدىنى بىلەن يۈزىنى پۇراپ قويۇپلا كېتىپ قاپتۇ.



ئېيىق كەتكەندىن كېيىن، ئاغىنىسى قارىغاي ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ھەي، بايام ئېيىق قۇلىقىڭغا نېمە دېدى؟

تېخىچە يۈرىكى ئورنىغا چۈشمىگەن ئەپەندى، چوڭقۇر بىر تىنىپ:

— ئېيىق ماڭا خەتەرگە يولۇققاندا ئاغىنىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەس دېدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈۋېتىپتۇ

مەھەللىدىكى بىرنەچچەيلەن ئەپەندىنى ئۆلدى دەپ قەستەن گەپ تارقىتىپتۇ. ئەپەندىنىڭ ئاغىنىلىرى يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلسە، ئەپەندى بىر ئوبدان ئۆيىدە تاماق يەپ ئولتۇرغۇدەك، ئەپەندىنىڭ ئاغىنىلىرى داڭ قېتىپ تۇرۇپ قاپتۇ - دە، ئىغۋا تارقاتقانلارنى تىللاپ كېتىپتۇ.

ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ئۇلارنىڭ مېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دېگىنى ئىنتايىن توغرا، پەقەت ۋاقىتنى ئالدىغا سۈرۈۋېتىپتۇ شۇ، — دەپتۇ.



# قارا ساقال ۋە ئاق ساقال

بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ ساتىراشخانىسىغا بىر باي كې-
رىپ، ئەپەندىنى ئوسال قىلىش ئۈچۈن:
— ئەپەندى، سىز مېنىڭ ساقىلىمنىڭ ئېقىنى ئىلغاپ
چۈشۈرۈۋېتىڭ! — دەپتۇ.
— بولىدۇ، قېنى ئولتۇرۇڭ! — ئەپەندى باينى ئول-
تۇرغۇزۇپ، شارت - شۇرتلا باينىڭ ساقىلىنى پاك - پاكىز
چۈشۈرۈۋېتىپتۇ - دە، باينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ،
ئارقىدىن:
— باي غوجام، مەن بەك ئالدىراش، ئۆزىڭىز ئالدىرى-
ماي ئولتۇرۇپ، قارا ساقاللىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن ئاق سا-
قاللىرىڭىزنى تېرىۋېلىڭ! — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ

ئەپەندى بىر ئېغىز ئۆيىنى ئىجارىگە بەرمەكچى بوپتۇ. ئىجارىگە ئالماقچى بولغان ئادەم، ئۆينىڭ تاملىرىدىكى يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەن ئىزلارنى كۆرۈپ:

— ئەپەندى، ئۆيىڭىزنىڭ تورۇسىدىن يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىكەن، مەن ئىجارىگە ئالمايمەن، — دەپتۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، ھەرگىز يامغۇر ياغمايدۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئىشىكنى سولاش

ئەپەندىنىڭ هويلىسى ئۈچ تېمى بار هويلا بولۇپ، بىر تەرىپى ئوچۇق تۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ دەرۋازىسىغا قۇلۇپ ساپتۇ، بۇنى كۆرگەن ئاغىنىسى هەيران بولۇپ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، هويلىڭىزنىڭ بىر تېمى يوق تۇرسا، دەرۋازىڭىزغا بۇنداق يوغان قۇلۇپ سالغىنىڭىزنىڭ نېمە پايدىسى؟

— دەرۋازىدا قۇلۇپ بارلىقىنى كۆرگەنلەر بىر قاراپلا مېنىڭ ئۆيدە يوقلۇقۇمنى بىلىپ هويلىغا كىرمەيدۇ-دە، — دەپتۇ ئەپەندى.

بۇنى ئاڭلىغان ئاغىنىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەگەر ئوغرى كىرسىچۇ؟ — دەپتۇ.

— شاپىلاقتەك قۇلۇپ ئوغرىنىڭ مۇشتۇمدەك يۈرىكىنى قۇلۇپلىيالامسۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# راست بىلەن يالغان

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، راست بىلەن يالغاننىڭ پەرقى نېمە؟

— ئۇلارنىڭ پەرقى، خۇددى قۇلاق بىلەن كۆزدەك، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

پادىشاھ ئەپەندىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي:

— بۇنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە مۇنداق چۈشەندۈرەي، كۆز بىلەن كۆرگەن نەرسە راست بولىدۇ، قۇلاق بىلەن ئاڭلىغان نەرسە يالغان بولىدۇ! ئەمدىغۇ چۈشەنگەنلا، — دەپتۇ ئەپەندى.



# مانا مۇشۇنداق چېقىلىپ كەتتى

بىر كۈنى، بەگكە ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ئەپەندى ئاۋايلىماي بىر چىنىنى چېقىۋېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بەگ ئەپەندىنى قاتتىق تىللاپ:

— ئەپەندى، سەن چىنىنى قانداق چېقىۋەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى قورقۇپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، شىرە ئۈستىدىكى چىنىنى بىلىكى بىلەن بىرلا ئىتتىرىپ يەرگە چۈشۈرۈپ چېقىۋېتىپتۇ ھەمدە:

— بەگ غوجام، مانا مۇشۇنداق چېقىلىپ كەتتى! — دەپتۇ.

بەگ تامدەك تاتىرىپ گەپمۇ قىلالماي قاپتۇ.



# غەيۋەت قىلماڭلار

ئۇچىغا چىققان قۇۋ، مەككار، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان بىر باي بار ئىكەن. خەقلەر ھەمىشە ئۇنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىپ تىللايدىكەن.

بىر كۈنى، باي ئەپەندىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ كېلىپ، پولۇ، كاۋاپلار بىلەن راۋۇرۇس مېھمان قىلغاندىن كېيىن:

— ئەپەندى، سىز بولسىڭىز مەھەللىمىزدە ئابرۇيىڭىز بار ئادەم، ھەممە ئادەم گېپىڭىزنى ئاڭلايدۇ، سىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەھەللىدىكىلەرگە نەسىھەت قىلسىڭىز، ئۇلار مېنىڭ كەينىمدىن غەيۋەت قىلمىسا، مېنى يامان گەپلەر بىلەن تىللىمىسا! — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ! — ئەپەندى گېپىنى تۈگىتىپلا باينى باشلاپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ، — سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، بۇ ئۇچىغا چىققان قۇۋ، مەككار، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان باي. بۇ ئىشنى بۇنىڭدىن كېيىن غەيۋەت - شىكايەت قىلماڭلار ھەم ئۇنى تىللىماڭلار.



# ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ ئادەم قۇتقۇزالىسۇن؟

بىر كۈنى، ئەپەندى بىر بەگ بىلەن بىر زىياپەتكە قاتنىشىپتۇ. بەگ ئەپەندىنى ھېلى ئۇ ئىشقا، ھېلى بۇ ئىشقا بۇيرۇپ، تاماق يېگىلى قويماپتۇ. زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەپەندى بايغا:

— بەگ غوجام، مەن سىلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن دەپ، ئاچ قالدىم، — دەپتۇ.

— مېنىڭ قورسىقىم تويسا، سېنىڭ قورسىقىڭ تويغانغا ئوخشاش، تېز ماڭ! — بەگ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندە، بەگ پۇلتۇڭگىدە سۇغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. شىددەتلىك سۇ بەگنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. قورقۇپ جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەن باي ۋارقىراپتۇ:

— ۋاي مېنى قۇتقۇزۇۋال! ئەپەندى، تېز مېنى قۇتقۇزۇۋال!

— بەگ غوجام، سىلى ئۆلسىلە مەن ئۆلگەنگە ئوخشاش، ئۆلگەن ئادەم قانداقمۇ ئادەم قۇتقۇزالىسۇن؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# قېرىلىقنىڭ ئالامىتى

قېرىپ ھالىدىن كەتكەن بىر باي ئەپەندىگە كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىپ دەپتۇ:

— ئەپەندى، مەن قوپسام، ئولتۇرالمايمەن، ئولتۇرسام، ھاسا بولمىسا قوپالمايمەن.

— بۇ قېرىغانلىقىڭىزنىڭ ئالامىتى، — دەپتۇ ئەپەندى.

— پۇت - قولۇم تارتىشىپ، پۈتۈن بەدىنىم زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ، — دەپتۇ باي.

— بۇمۇ قېرىغانلىقىڭىزدىن.

— مەن قانداقلا تاماق يېسەم، سىڭمەيدۇ. قۇلىقىممۇ ئاڭلىمايدۇ، كۆزۈممۇ تورلىشىدۇ، — دەپتۇ باي يەنە.

— بۇنىڭ ھەممىسى قېرىغانلىقىڭىزنىڭ ئالامىتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باينىڭ ئۇغىسى قايناپ چىچاڭشىپ كېتىپتۇ:

— ئەپەندى، سەن خۇنپەرنىڭ باشقا گېپىڭ يوقمۇ؟

— سىزنىڭ بۇنچىۋالا قايناپ كېتىشىڭىزمۇ قېرىغانلىقىڭىزنىڭ ئالامىتى، — دەپتۇ ئەپەندى تېرىكمەستىن.



# مۇنارنى ھەرىدىۋېتىمەن

بىر توپ كەپسىز باللار نېرۋىسى ئاجىز بىر ئادەمنىڭ كەينىگە كىرىۋاپتۇ. ئۇ ئادەم بىر باللىنى كاپ قىلىپلا تۇتۇۋې-لىپ، ئەزان توۋلايدىغان ئېگىز بىر مۇنارنىڭ ئۈستىگە ئا-چىقىپتۇ ـ دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئەگەر سىلەر يەنە كەينىمگە كىرىۋالىدىغان بول-ساڭلار، مەن بۇنى يەرگە تاشلىۋېتىمەن! — دەپتۇ.

— ئۇنداق قىلما، چاققان قايتىپ چۈش! — دەپتۇ خەقلەر مۇنارنىڭ تۈۋىگە ئولىشىپ.

بىراق ئۇ ئادەم قەتئىي چۈشمەپتۇ.

ئەپەندى شۇ ھامان، يوغان بىر ھەرە تېپىپ كەپتۇ ـ دە:



— ئەگەر باللىنى ئا-مان ـ ئېسەن ئەچۈشمە-سەڭ، بۇ مۇنارنى ھە-رىدىۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئادەم ئالمان ـ تالمان باللىنى ئېلىپ قايتىپ چۈشۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى

ئۆزىنى ئىنتايىن سىرلىق كۆرسىتىدىغان بىر ئادەم ئەپەندىنى ئىزدەپ كېلىپ:

— ئەپەندى، سىز ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلغىنىڭىزدىن نومۇس قىلمامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىزنىڭ كېپىڭىزچە مەن بىر ئەخمەق ئادەم ئىكەنمەن، ئۇنداقتا سىز قانداق ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— مەن بولسام بىر سىرلىق ئادەم، كەچلىرى سىرلىق ئاسمانغا چىقىپ ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەرنى كۆزىتىمەن، — دەپتۇ ئۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

— ئۇنداقتا سىز ئاسمانغا چىقىۋاتقان چېغىڭىزدا، يۈزىڭىزگە يۇمشاق بىر نەرسە ئۇرۇلامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— شۇنداققۇ دېمەن، — دەپتۇ سىرلىق ئادەم گاڭگىراپ.

— ھەببەللى! ئۇ دەل مېنىڭ ئېشىكىمنىڭ قۇيرۇقى، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېكىنچى ياكى ئېشەك

ئەپەندى ئېشەك سېتىۋالغىلى ئېشەك بازىرىغا بېرىپتۇ. ئېشەك بازىرىدا ئادەم مىغ - مىغ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېزىلاردىن ئېشەك ساتقىلى كەلگەن ئېكىنچى ئىكەن. كاتتا كىيىنگەن بىر ئادەم بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېكىنچى ياكى ئېشەك ئىكەن، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇ ئادەمدىن:

— تەقسىر، ئۆزلىرىمۇ ئېكىنچى قېرىندىشىمىز ئىكەنلا - دە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، مەن قانداقسىغا ئېكىنچى بولاي! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ئاچچىقلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرى دېگەندەك، ئېشەك ئىكەنلا! — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# ئالتۇن ئۈزۈك

ئەپەندى خوتۇنىدىن بەك قورقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ كوچىدا بىر توپ ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، ئارىدىن بىرەيلەن ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، خوتۇنىڭىزدىن قورقامسىز؟ — دەپ سوراپ قاپتۇ.

— ئوغۇل بالا دېگەنمۇ خوتۇنىدىن قورقامدۇ؟ مەن بىرنى بىر دېسەم، ئۇ ھەرگىزمۇ ئىككى دېيەلمەيدۇ، مەن ئۇنى چىنە ئال دېسەم، ئۇ ھەرگىزمۇ تەخسە ئالالمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.

دەل شۇ چاغدا، ئەپەندىنىڭ خوتۇنى نەدىندۇر پەيدا بولۇپ قاپتۇ ھەمدە ئاستا كېلىپ ئەپەندىنىڭ كەينىدە تۇرۇپتۇ.

— ئەپەندى، كەينىڭىزگە قاراڭە، — دەپتۇ بىرەيلەن.

ئەپەندى كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ دەرھال گېپىنى ئۆزگەرتىپلا:

— خوتۇن، مەن ئۇلارغا سېنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، يەنە تېخى ساڭا بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىمنى دەپ بېرىۋاتىمەن. — دەپتۇ.



# ئالمىنىڭ يوغانلىقى

بىرنەچچەيلەن پاراڭلاشقاچ ھەدەپ پو ئېتىشىپتۇ. ئەپەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ پو ئېتىشقا باشلاپتۇ:

— ۋاي - ۋۇي، مەن كۆرگەن ئالمۇتانىڭ ئالمىسىنى بىر دېمەڭ، ھەربىرى ئۈچ - تۆت كىلو چىقمىسا ھېساب ئەمەس...

ئەتراپتىكىلەر ھەيران بولۇپ سورىشىپتۇ:

— ئېغىرلىقى شۇنچىلىك بولسا، چوڭلۇقى قانچىلىكتۇر؟

ئەپەندى ئەمدى جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئالمۇتالىق بىرى كېلىپ قاپتۇ.

— يوغانلىقىمۇ چاغلىق، — دەپتۇ ئەپەندى، — مۇشتۇمدەك چىقىدۇ.

— ئېغىرلىقى ئۈچ - تۆت كىلو كەلسە، ئۆزى مۇشتۇمچىلىك بولسا، قانداق ئالما ئۇ، — دېيىشىپتۇ ئەتراپتىكىلەر تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ.



— ئەگەر بۇ ئالمۇتالىق ئاغىنىمىز كېلىپ قالمىغان بولسا، ئۇ ئالمىنىڭ يوغانلىقى تاۋۇزچىلىك بولاتتى، — دەپتۇ ئەپەندى.

# سازەندە

سازەندىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەپەندىدىن:
— سىز ھەممىدىن قايسى سازنى ياخشى چالىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— مېنىڭ دادام كاتتا سازەندە ئىدى، شۇڭا مەن ھەر-قانداق سازنى ياخشى چالالايمەن، بىراق مەن ساز چالغاندا، سازنىڭ پەدىسىنى بېسىشقا ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سىزنىڭمۇ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا

ئەپەندى كۈنلەرنىڭ بىرىدە قازى بوپتۇ. ئۇ بىرىنچى دەۋانى سوراۋاتقاندا، جاۋابكارنىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ ئېيتقان سۆزى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ:

— سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

قازىخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆزىنى بېسىۋېلىشنى، دەۋاگەر تېخى ئەرز قىلمىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، دەۋاگەرنىڭمۇ يوللۇق ئەرزى ئەپەندىنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىپتۇ، دەۋاگەرنىڭ ئەرزى تۈگىشىگىلا، ئۇ يەنە:

— سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا! — دەپ ۋارقىراپ ساپتۇ.

— ھۆرمەتلىك قازى جانابلىرى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ گېپى توغرا بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پۈتۈكچى.

— سىزنىڭمۇ ئېيتقانلىرىڭىز توغرا! — دەپتۇ ئەپەندى.



www.uyghurkitap.com

# سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام

قورساقلىرى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن ئەپەندى، بازارنى ئايلىنىپ تۇخۇم، ماي ۋە شېكەر سېتىپ ئولتۇرغان بىر دۇكانداردىن سوراپتۇ:

— بۇ نەرسىلەر سىزنىڭمۇ؟

— شۇنداق، — دەپتۇ دۇكاندار.

— بۇلارنى نېمە قىلىسىز؟

— ساتىمەن! — دەپتۇ دۇكاندار.

— ھەي ئىسىت، — دەپتۇ ئەپەندى، — سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، بۇ نەرسىلەرنى ئۆيۈمگە ئەكېتىپ، تۇخۇم پوشكىلى سالاتتىم ـ دە، ئۈستىگە شېكەر سېپىپ تازا مەززە قىلىپ يەيتتىم.



# سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۇرۇۋەت

ئەپەندى بىر ئاغىنىسى بىلەن بېلىق تۇتقىلى بېرىپتۇ. ھېلىقى ئاغىنىسى بىردىنلا ناھايىتى چوڭ بىر بېلىقنى تورغا چۇشۇرۇۋاپتۇ. تورىدىكى بېلىق توختىماستىن پىلتىڭشىپ، ئۆزىنى ھەر ياققا ئۇرۇپ زادى تۇتۇق بەرمەپتۇ. ئۇ ھەرقانداق قىلىپمۇ بېلىقنى تۇتالماي ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئۇنى قانداق قىلغاندا ئۆلتۇرگىلى بولىدۇ؟

پۇتۇن دىققىتى بىلەن بېلىق تۇتۇۋاتقان ئەپەندى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن:

— تېز، ئۇنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۇرۇۋەت! — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈممىكىن دەپتىمەن!

كۆنلەرنىڭ بىردە ئەپەندى بازاردا كېتىۋېتىپ، بىر ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئەپەندى دەرھال قول ئۇزدىتىپ كۆرۈشمەكچى بوپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئەپەندىنى تونۇمىغانلىقتىن، تارتىنىپ بوشلا كۆرۈشۈپتۇ.

— سورىغاننىڭ ئەيىبى يوق، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى. ئۇ كىشى ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمىسىڭىز، نېمىشقا قول ئۇزىتىپ كۆرۈشىسىز؟ — دەپتۇ.

— قارىسام، بويىڭىز بويۇم بىلەن تەڭ، چاپىنىڭىزمۇ چاپىنىم بىلەن ئوخشاش تۇرىدۇ. شۇڭا سىزنى ئۆزۈممىكىن دەپ قول ئۇزىتىپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېگەردىن چۈشمىدىم

ئەپەندى ئوردىدا خەۋەرچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، پادىشاھ ئۇنىڭغا:

— ئەپەندى، ئاتقا مىنىڭ - دە، ئېگەردىن چۈشمەي قازىنى چاقىرىپ كېلىڭ! — دەپتۇ.

ئەپەندى ئاتنى چاپتۇرغىنىچە قازىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. قازى ئۆيىدە بىرقانچە ئاغىنىلىرى بىلەن پولۇ يەپ ئولتۇرغانىكەن، ئەپەندى ئاتتىن ئېگەرنى يېشىۋېلىپ، قازىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ - دە، ئېگەرنى مىنگەن پېتى ئولتۇرۇپ پولۇ يېيىشكە كىرىشىپتۇ.

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان قازى:

— ئەپەندى، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— پادىشاھ ئالىيلىرى مېنى ئېگەردىن چۈشمەي سىزنى چاقىرىپ كەل دېۋىدى، ئاتتىن چۈشسەممۇ ئېگەردىن چۈشمىدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# تاپان ھەققى

ئەپەندى ئىشسىز قالغان كۈنلىرىدە ئىش ئىزدەپ بىر تۈگمەنگە بېرىپتۇ.

— بۇ يەردە قىلغۇدەك ئىش بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى تۈگمەنچىدىن.

— ئەپەندى، سىزنى ئىشلەتكۈمغۇ بارئىدى، بىراق بۇ يىل ئاشلىقتىن ھوسۇل ئالالمىدۇق، قىلغۇدەك ئىش يوق، — دەپتۇ تۈگمەنچى.

— ئىش بولسا ـ بولمىسا بەربىر، ماڭا پەقەت تاپان ھەققى بەرسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ۋاپا قىلمىغان كەشە

ئەپەندى بىر ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتكىچە، پۇتىدىكى بىر پاي كەشى ئېرىققا چۈشۈپ ئېقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر ئادەم كەشكە ئىچىنى ئاغرىتىپ:

— ھەي، ئەپەندى، بىر ئوبدان كەشىڭىزدىن ئايرىلىپ قالدىڭىز - دە! — دەپتۇ.

ئەپەندى ھەسرىتىنى يوشۇرۇپ:

— ئوبدانلىقى قۇرۇسۇن، ئىگىسىگە ۋاپا قىلمىغان كەشىدىن قۇتۇلغىنىم مىڭ ياخشى، — دەپتۇ - دە، يولىغا كېتىۋېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

# قەيەردىن ئۆتۈشنى مەنمۇ بىلمەيمەن

بىر كۈنى، ئەپەندى دەريا بويىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، ئۇخلىغاندىمۇ ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتۇ. يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرەيلەن ئۇنى نوقۇپ ئويغىتىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندى، مەن دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا ئۆتمەكچىدىم، قەيەردىن ئۆتكىلى بولىدۇ؟

بۇنىڭدىن تېرىككەن ئەپەندى كۆزىنىمۇ ئاچماي جاۋاب بېرىپتۇ:

— تىرىك ۋاقتىمدا ئاۋۇ يەردىن ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم، ئۆلگەندىن كېيىن قەيەردىن ئۆتۈشنى بىلەلمىدىم.



# نېمىشقا بىر جۈپ ئۆتۈك تىكتۈرمايسىز؟

ئەپەندى بىر مىلىچماللار دۇكىنىغا كىرىپ، تىزتۈزتىلـگەن خىل، ھەر ياڭزا ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— دۇكىنىڭىزدا ئۆتۈككە قاقىدىغان مىخ بارمۇ؟

— بار.

— كالا خۇرۇمى بارمۇ؟

— بار.

— ئىنچىكە يىپ بارمۇ؟

— بار.

— قارا بوياق بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بار.

— توۋا خۇدايىم، ئۇنداقتا ئۆتۈكتىن بىر جۈپنى تىكىپ كىيىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى ھەيران بولۇپ.



www.uyghurkitap.com

# چىغىر يول

ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى، ئەپەندى شەھەرگە كىرمەكچى بوپتۇ. ئۇ توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان بىر يولدا كېتىۋېتىپ ئويلاپتۇ: «مەن ئېمىشقا جېنىمنى قىيناپ بۇ ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ماڭىمەن، ئېمىشقا ئورمانلىقتىكى چىغىر يولدا ماڭمايمەن؟ ئۇ يولنىڭ ھاۋاسى شۇنداق ساپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئەت بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭغىلى بولىدۇ، يەنە تېخى بۇلبۇللارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغىلى، چىرايلىق گۈل - گىياھلاردىن ھۇزۇرلانغىلى بولىدىغان تۇرسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يول بولامدۇ؟»

ئۇ شۇنداق ئويلاپلا، ئورمانلىقتىكى چىغىر يولغا قاراپ مېڭىپتۇ. بىراق ئۇزۇن ماڭمايلا، بىر ئورەككە چۈشۈپ كېتىپتۇ.



ئەپەندى ئورەكنىڭ ئىچىدە مىدىرلىماستىن ئولتۇرۇپ كۆڭلىدە: «ياپىرىم، مۇنچىۋالا گۈزەل يەردە مۇشۇنداق ئىش يۈز بەرسە، توپا - توزاڭلىق ھەم ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ماڭغان بولسام، قانداق بالايى - قازاغا يولۇقار بولاتتىم؟ خۇداغا شۈكرى ھېلىمۇ ياخشى بۇ چىغىر يولنى تاللاپتىمەن» دەپ ئويلاپتۇ.

# كۆلدە سۇ بولمىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى

بىر كۈنى، ئەپەندى بىر ئاغىنىسى بىلەن مەنزىرىسى چىرايلىق بىر كۆل بويىغا ئوينىغىلى بېرىپتۇ. كۆلدە بېلىق-لار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، زۇمرەتتەك ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر دولقۇنىنىڭ مەۋج ئۇرۇشى بىلەن توختىماي يەلپۈنۈۋاتقۇدەك. بۇنداق چىرايلىق كۆل مەنزىرىسىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن ئەپەندى:

— ۋاھ، ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن، — دەپتۇ ئۇ كۆلنى ماختاپ، — بىراق بىرلا يېرى بولمىغۇدەك، ئەگەر...

— ئەگەر نېمە، ئەپەندى؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ئەگەر كۆلدە سۇ بولمىغان بولسازە، تېخىمۇ ياخشى بولاتتىكەن، ئۇ چاغدا بىز ياپيېشىل ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىسىدىن بېلىق تۇتالايتتۇق، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مەنسەپكە لايىق ئۆي

بىر كۈنى ئەپەندىنى شەھەر ھاكىمى چاقىرىپ، ئەپەندىگە كۆكۈشى مەنسىپىنى بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندى، ئەمدى مەنسىپىڭىزگە لايىق كەڭرى ئۆيگە كۆچۈۋېلىڭ!

— رەھمەت، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندى، — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆيۈم تارلىق قىلمىغانىدى، مەنسەپ بېرىپ ئۆيۈمنى تارلاشتۇرۇۋېپ قويدىڭىز!



# خۇدايىم بۇيرۇسا

ئەپەندى كۆڭلەك تىكتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى مېتىر رەخت سېتىۋېلىپ، خۇشال ھالدا بىر كىيىم تىكىش دۇكىنىغا كەپتۇ. تىككۈچى ئۇنى ئۆلچەپ بولغاندىن كېيىن:

— بىر ھەپتىدىن كېيىن كېلىڭ، خۇدا بۇيرۇسا، كۆڭلىكىڭىز پۈتۈپ قالىدۇ، — دەپتۇ.

ئەپەندى سەۋرچانلىق بىلەن بىر ھەپتىنى كۈتۈپ، كىيىم تىكىش دۇكىنىغا كەلسە، تىككۈچى ئۇنىڭغا:

— خاپا بولماڭ، ئازراق دەخلى قىلىدىغان بولدۇم، بىراق خۇدا خالىسا، كۆڭلىكىڭىز ئەتىلا پۈتىدۇ، — دەپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەپەندى يەنە كەپتۇ.

— پەقەت خاپا بولماڭ، — دەپتۇ تىككۈچى، — قولۇمدىكى ئىش تۈگىمەي تىكەلمىدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، ئەتە چوقۇم تىكىپ قويىمەن.

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، — دەپتۇ ئەپەندى ئاچچىقلىنىپ، — سىز كۆڭلەكنى خۇدادىن سوراپ تىكمىسىڭىز زادى تىكەلمەمسىز؟



# قالتىس چارە

ئەپەندى بازاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، ھەممىسىنى ئىتتاپ خۇرجۇنىنىڭ بىر تەرىپىگە تىقىپتۇ، خۇرجۇنىنىڭ بىر تەرىپى ئېغىپ كەتكەچكە، پەقەتلا ئېشەككە ئارتالماپتۇ.

ئەپەندى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر ئاقساقال بوۋاي كېلىپ قېلىپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

— ئەپەندى، خۇرجۇنىڭىزنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تاش سېلىپ قويسىڭىز، خۇرجۇن تەڭپۇڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئەپەندى بوۋاينىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپتىكەن، دېگەندەك بوپتۇ.

— قالتىس، قالتىس، ھەقىقەتەن قالتىس چارىكەن، باشقىلارغا بۇ ئەقىلنى ھەرگىز مەن كۆرسەتتىم دېمەڭ، — دەپتۇ ئەپەندى بوۋايغا.



# ئەخمەق بىلەن كالۋا

ئەپەندى بىر يەشىك قاچا - قۇچىلارنى ئېشىكىگە ئارتىپ ئۆيىگە ئەكېتىۋاتقاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن يەشىك يەرگە چۈشۈپ كېتىپ قاچا - قۇچىلارنىڭ ھەممىسى چېقىلىپ كېتىپتۇ.

ئەتراپتىكىلەر يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، بۇ ئەھۋالنى كۆ- رۈپ ئېچىنىپ كېتىپتۇ.

— سىلەرگە بۇ يەردە نېمە بار؟ — دەپتۇ ئەپەندى ئولد- شىپ تۇرغان ئادەملەرنى قوغلاپ، — ئەجەبا سەن ئەخمەقلەر ئەزەلدىن بىر نەرسىنىمۇ ئۇڭلاپ كۆتۈرەلمەيدىغان كالۋانى كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟



www.uyghurkitap.com

# ئالدىنىش

بىر ئادەم ئەپەندىدىن پۇل قەرز ئاپتۇ. ئەپەندى بۇ ئادەمنىڭ قەرز ئالسا قايتۇرمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا بېرىپتۇ. ھەيران قالارلىقى قەرز ئالغان ئادەم ناھايىتى تېزلا قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەپەندى بۇنىڭدىن ناھايىتىمۇ ھەيران قاپتۇ.

بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم يەنە ئەپەندىدىن نۇرغۇن پۇل قەرز ئالماقچى بولۇپ كەپتۇ.

— مېنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىمنى ئۆزىڭىز بىلدىسىز، قەرز ئالغان پۇلىڭىزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بەرگەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— ئەمدى بولمايدۇ، سەن دېگەن بىر ئالدامچى، ئۆتكەن قېتىم سېنى پۇلنى قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ دەپ ئويلىغانتىم، بىراق سەن مېنى ئالدىۋەتتىڭ. ئەمدى پۇل قەرز ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما، — دەپتۇ ئەپەندى.



# باراۋەر بولۇش

بىر كۈنى، ئەپەندى قاسساپتىن ئازراق گۆش ئېلىپ، پۇلنى كەم بېرىپتۇ؛ ئارقىدىن ناۋايدىن نان ئېلىپ، پۇلنى ئارتۇق بېرىپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئەپەندى كۆڭلىدە: «مەن قاسساپقا ئازراق پۇل قەرز بولۇپ قالدىم، بۇ قىلغىنىم پەقەت ياخشى بولمىدى؛ بىراق ناۋايمۇ مەندىن پۇلنى ئارتۇق ئېلىۋالدى، ئۇنىڭ بۇنداق قىلغىنىمۇ قاملاشمىدى» دەپ ئويلاپتۇ.

«ھەي ھەممىگە قادىر ئاللا، ناۋاينىڭ قولىدىن ماڭا قەرز بولغان پۇلنى ئېلىپ، قاسساپقا قايتۇرۇپ بەرگىن! مۇشۇنداق قىلغاندا باراۋەر بولىدۇ، كۆڭلۈممۇ ئارام تاپىدۇ» دەپتۇ ئەپەندى ئۆز - ئۆزىگە.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# بولۇشۇش

بىر كۈنى، ئەپەندى لىققىدە نەرسە قاچىلانغان خۇرجۇن-نى ئېشىكىگە ئارتىپ، ئۆزى خۇرجۇننىڭ ئۈستىدە ئولتۇ-رۇپ بازارغا مېڭىپتۇ.

يولدا بۇنى كۆرگەن بىرەيلەن ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، ئېغىر خۇرجۇننى ئېشىكىڭىزگە ئارتقاننى ئاز دەپ، ئۆزىڭىزمۇ مىنىۋاپسىز، بۇ بىچارە جانىۋارغا ئوۋال ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى دەرھال ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، خۇرجۇن-نى مۈرىسىگە ئارتىپتۇ - دە، قايتا ئېشەككە مىنىپ:

— راست، بۇ جانىۋارغا ئوۋال بولمىسۇن، يۈكنى تەڭ كۆتۈرەيلى، — دەپتۇ.



# ئىشقىلىپ مەن بۇزمىدىم

جامائەت مەسچىتتە جىمجىت ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇۋات-
سا، بىر تالىپ تۇيۇقسىزلا:
— ئۆيۈمدىكى ئوچاقنىڭ ئوتى ئۆچكەن بولغىيمىتى،
ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپ سالپتۇ.
يېنىدا ئولتۇرغان بىرى شۇ زامان:
— سەن مەسچىتنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ، نامازنىمۇ
قالايمىقان قىلىۋەتتىڭ، ئەمدى نامىزىڭنى قايتىدىن ئوقۇمى-
سەڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ.
— ئۇزۇڭمۇ گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ، — دەپتۇ ھېلىقى
ئادەم.
— ئەي ئۇلۇغ خۇدا! — دەپتۇ ياندا ئولتۇرغان ئەپەندى
ئاۋازىنىڭ بارىچە، — ئىشقىلىپ جىمجىتلىقنى مەن بۇزمى-
دىم.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئىچىدە مەن بار تۇرسام!

بىر كۈنى، قوشنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاخشام ئۆيۈڭلاردا نېمە ئىش يۈز بەردى؟ گۈلدۈر - گۈپپاڭ ئاۋاز چىقىپ كەتتىغۇ؟

— ھەي، نېمە ئىش بولاتتى، پەرىجەم پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

— پەرىجە چۈشۈپ كەتكەنگىمۇ شۇنچىۋالا ئاۋاز چىقىپ كېتەمدۇ؟

— ئۇنىڭ ئىچىدە مەن بار ئەمەسمۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئەخمەق توخۇلار

ئەپەندى بىر سېۋەتنىڭ ئىچىگە بىرنەچچە توخۇنى قاچىلاپ بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بوپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە، ئۇ ئۆزىچە توخۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ ماڭدۇرىمەن دەپ، توخۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېۋەتتىن چىقىرىۋېتىپتۇ، بىراق، توخۇلار سېۋەتتىن چىقىپلا تەرەپ - تەرەپكە قېچىپتۇ.

— ھۇ ئەخمەقلەر، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئەپەندى توخۇلارغا، — سىلەر كۈننىڭ قانداق ۋاقىتتا چىقىدىغانلىقىنى بىلىسىلەريۇ، بازارنىڭ قاياقتا ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خۇرجۇندا

ئەپەندى ئېشىكىنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ بازارغا ئېلىپ ماڭغىنىدا، ئېشىكىنىڭ قۇيرۇقىغا لاي تېگىپ قاپتۇ. ئەپەندى خېرىدار چىقماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىۋېلىپ، خۇرجۇنغا سېلىۋاپتۇ.

بازاردا بىر خېرىدار:

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىزغۇ بولىدىغاندەك قىلىدۇ، بىراق قۇيرۇقى يوقكەن ئەمەسمۇ! — دەپتۇ.

ئەپەندى:

— خاتىرجەم باھا قويۇڭ، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى خۇرجۇندا، — دەپ خۇرجۇندىكى قۇيرۇقنى چىقىرىپتۇ.



# سۈت توشۇيدىغان ئات

ئەپەندى كۈندە شەھەرگە كىرىپ سۈت ساتىدىغان قوشنىسىنىڭ ئات ھارۋىسىنى ئارىيەتكە ئېلىپ، ئوتۇننى ھارۋىغا بېسىپ ساتقىلى شەھەرگە كىرىپتۇ.

بۇ يوللارنى تولا مېڭىپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئات شەھەرگە كىرىپلا، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە توختاپ كىشنەشكە باشلاپتۇ. ئاتنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلىغان خەقلەر، سۈت ساتقۇچى كەلگەن چېغى دەپ، سۈت قاچىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپتۇ. ئۇلار ھارۋىغا قاچىلانغىنىنىڭ سۈت ئەمەس، بەلكى ئوتۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، خاپا بولغان ھالدا ئەپەندىنى تىللىشىپ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇۋالچىلىق تارتقان ئەپەندى، ئاچچىقىدا يېرىلغۇدەك بولۇپ ئاتنى قامچا بىلەن تازا ساپتۇ ھەمدە:

«ھۇ ھارامزادە، مەن سېنى سۈت ساتقىلى ئەكەلمىدىم، ئوتۇن ساتقىلى ئەكەلدىم» دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۇچىدىغان ئوخشايدۇ

دېڭىز بويىدا ئايلىنىپ يۈرگەن ئەپەندى كېمىچىلەرنىڭ كېمىنىڭ ئاستىغا ئاق موم ئېرىتىپ سۈركەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سوراپتۇ:

— كېمىگە موم سۈركەپ ئوتقا تۇتۇشنىڭ ھېكمىتى نېمىدە؟

— موم سۈركىگەندە كېمە تېز ماڭىدۇ، يەنە سۇ كىرىپ كېتىشتىن، بۇزۇلۇپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ كېمىچىلەر.

ئۆزىنىڭ قاشاڭ ئېشىكىگە قانداق چارە قوللىنىشنى بىلەلمەي يۈرگەن ئەپەندى، ئۆيىگە قايتىپ بېرىپلا بىر داس مومنى قايناتتىپ، ئېشەكنىڭ دۈمبىسىگە سۈركەشكە باشلاپتۇ. قىزىق قايناتتىلغان موم ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەچكە ئېشەك ھاڭرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندى خۇشاللىقىدا:



— پاھ، پاھ، پاھ، ئازراق سۈركەپ قويسام بۇنچىۋالا يۈگۈرسە، بىر داسنىڭ ھەممىسىنى سۈركەپ بولسام، ئۇچىدىغان ئوخشايدۇ! — دەپتۇ.

# زادى كىم ساتىدۇ

ئەپەندى كۆكتات سېتىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، مەھەللىمۇ مەھەللە يۈرۈپ:

— كۆكتات ساتىمەن! كۆكتات ساتىمەن! — دەپ توۋلاپتۇ.

تۇيۇقسىز، ئۇنىڭ سەي سېۋىتى ئارتىلغان ئېشىكى ھاڭراشقا باشلاپتۇ، ھاڭرىغاندىمۇ بولۇشىغا ھاڭراپتۇ. ئەپەندىنىڭ ئاۋازىنى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشى بېسىپ كېتىپتۇ. ئەپەندى ئېشەككە قاراپ:

— ھۇ بىغەرەز، نېمىگە بۇنچىۋالا ھاڭرايسەن؟ كۆكتاتنى سەن ساتامسەن يا مەن ساتامدىمەن؟ — دەپتۇ.



# ئەسلىدىمۇ نىيىتىم بار ئىدى

ئەپەندى دەريا بويىدا كېتىۋاتسا، تويۇقسىز شامال چىقىپ، ئۇنىڭ دوپپىسىنى ئۇچۇرۇپ دەرياغا چۈرۈۋېتىپتۇ. ئۇ دوپپىسىنى سۇزۇۋېلىش ئۇچۇن خېلى ئاۋارە بولغان بولسىمۇ زادىلا ئالالماپتۇ. ھېرىپ - چارچىغان ئەپەندى سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان دوپپىسىغا قاراپ:

«كېتىۋەرگىن، ئەسلىدىمۇ يېڭىدىن بىر دوپپا ئېلىش نىيىتىم بار ئىدى» دەپتۇ.



# ئاچقۇچ ئىزدەش

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئىشىكى ئالدىدا بىر نەرسە ئىزدەپ يۈرگەن ئەپەندىنى كۆرۈپ:

— ئەپەندى، نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاچقۇچنى، — دەپتۇ ئەپەندى.

— مەن ياردەملىشەي!

ئىككىسى يەردە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاچقۇچ ئىزدەشكە باشلاپتۇ.

بىرئازدىن كېيىن ئاغىنىسى:

— ئەپەندى، زادى ئاچقۇچىڭىزنى قەيەردە يوقىتىپ قويغانتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيدە، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا نېمىشقا بۇ يەردە ئىزدەيسىز؟

— ئىشىك تاقاق تۇرسا، مەن قانداق كىرەلەيمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# پەرىجىنى تېپىپ كەل

ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ نامازغا كېتىۋېتىپ، بىر ئۆستەڭگە دۇچ كەپتۇ. تېخى تەرەت ئالمىغان ئەپەندى ئېشىكىدىن سەكرەپ چۈشۈپتۇ ـ دە، پەرىجىسى بىلەن سەللىسىنى ئېشىكىگە ئارتىپ قويۇپ، سۇ بويىغا تەرەت ئالغىلى مېڭىپتۇ، دەل شۇ چاغدا ئىككى ئوغرى كېلىپ ئۇنىڭ سەللىسى بىلەن پەرىجىسىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

ئەپەندى تەرەت ئېلىپ بولۇپ ئېشەكنىڭ يېنىغا كەلسە، سەللىسى بىلەن پەرىجىسى يوق تۇرغۇدەك. ئەپەندى ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى توقۇمنى يېشىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ مۈرىسىگە ئارتىپتۇ ـ دە:

— بار، پەرىجەمنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن توقۇمۇڭنى ئال، — دەپ ئېشەكنى تېپىپ قوغلىۋېتىپتۇ.



## ئېشەكنىڭ ئۈستىدە مەن بولغان بولسام قانداق قىلاتتىم؟

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ ئېشىكى يىتۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندى بىر ياقتىن ئېشىكىنى ئىزدىگەچ، بىر ياقتىن:

— خۇداغا شۈكرى، خۇداغا شۈكرى! — دەپ توۋلىغۇدەك.

بۇنى كۆرگەن ئەتراپتىكى ئادەملەر ئەجەبلىنىپ:

— ئەپەندى، ئېشىكىڭىز يىتۈپ كەتكەن تۇرسا. يەنە نېمىشقا خۇداغا شۈكرى دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمىشقا خۇداغا شۈكرى دېمىگۈدەكمەن؟ ئەگەر مەنمۇ ئېشەكنىڭ ئۈستىدە بولغان بولسام. ئېشىكىم بىلەن بىللە يىتۈپ كەتكەن بولاتتىم! — دەپتۇ ئەپەندى



www.uyghurkitap.com

# ئەقىللىق بۆرە

بىر كۈنى، ئەپەندى خوتۇنىدىن ئۆلگەن ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

— ئادەمنىڭ پۇتۇن بەدىنى سوۋۇپ كېتىدۇ! — دەپتۇ خوتۇنى. شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ ئەپەندىنىڭ ئېسىدە قاپتۇ.

قىش كۈنى، ئەپەندى ئورمانلىققا ئوتۇن كەسلىگىلى بېرىپ، بەدىنى مۇزلاپ كەتكەنىكەن، ئۇ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ ئۆلگەندەك يېتىۋاپتۇ. بىرئاز ئۆتمەي ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، تۆت - بەشچە بۆرە ئېشەكنى ئوتتۇرىغا ئاپتۇ.

ئەپەندى جايىدا يېتىپ:

«ئوھۇ، ھەقىقەتەن ئەقىللىق بۆرىلەر ئىكەن، ئۆلۈك ئادەمنى يېمەي تىرىك ئېشەكنى يېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى قارا!» دەپتۇ.



# قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي ...

بىر كۈنى كېچىدە، ئەپەندىنىڭ ئايالى ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، تېز قوپۇڭ، ئۆيگە ئوغرى كىردى، ئوڭ تەرىپىڭىزدىكى ئويۇقتا شام بار، شامنى تېز ياندۇرۇپ قاراپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

ئەپەندى ياتقان جايىدا غودۇڭشىپ:

— ئوغرىغا جان كېرەك بولسا ئۆزى كېتىدۇ. قاراڭغۇدا ئوڭ بىلەن سولنى نەدىن بىلەي، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم

ئەپەندى بىرقانچە ئۇلپەتلىرى بىلەن لامپا تۇۋىدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، مېيى كۆيۈپ تۈگىگەن لامپا لاپلا قىلىپ ئۆچۈپ قاپتۇ. لامپىغا قايتىدىن ماي قۇيۇپ يورۇتقۇچە، ئەپەندى بار ئاۋازى بىلەن:

— ئەپەندى، ئەپەندى، سەن قەيەردە؟ — دەپ توۋلاپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندى، ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئىزدىگەن نەدە بار؟ — دەپتۇ بىرى.

— يوقسۇ، ئاغىنە، قاراڭغۇدا ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# مۇشۇكنى ئاداشتۇرۇش

ئەپەندىنىڭ مۇشۇكى ناھايىتى چېچىلغاق بولۇپ كېتىپ-
تۇ. ئەپەندى بۇ مۇشۇكنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى قاپقا
سولاپ شەھەر سىرتىغا ئەكېتىۋاتقاندا، بىر تونۇشى يولۇقۇپ
قېلىپ ئەپەندىدىن:
— ئەپەندى، نەگە كېتىپ بارىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.
— بازارغا ماڭدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.
— هوي ئەپەندى، بازار ئارقىڭىزدا قالدىغۇ! — دەپتۇ
تونۇشى ھەيران بولۇپ.
— ئاستا گەپ قىلىڭ، بۇرادەر، مۇشۇكنى ئاداشتۇرۇ-
ۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چۆكۈرۈۋېتەي دەيمەن

بىر كۈنى، ئەپەندى كوزىدىن بىرنى كۆتۈرۈپ، دەريا بويىغا سۇ ئالغىلى بېرىپتۇ. ئەمدى سۇ ئالاي دېيىشىگە، كوزا قولىدىن چۇشۇپ كېتىپ سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بىرەيلەن كېلىپ ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى سۇنى مالتىلىغاچ جاۋاب بېرىپتۇ:

— كوزام سۇغا چۇشۇپ كېتىپ چىقمايۋاتىدۇ، ئەگەر لەيلەپ چىقىپلا قالسا، بېسىپ چۆكۈرۈۋېتەي دەۋاتىمەن.



# ئالما كۆچىتى

ئەپەندى ھويلىسىغا ئالما كۆچىتى تىكىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئالما كۆچىتىنى قومۇرۇپ ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئەتىگىنى يەنە ئاچىقىپ تىكىپ قويىدىكەن. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندى، بۇ نىمە قىلغىنىڭىز؟ بۇنداق قىلسىڭىز، ئالما كۆچىتى قۇرۇپ قالامدۇ؟ — دەپتۇ

— ھەي، جېنىم قوشنام، «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما»، دېگەن مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# شۇ كېلىشىڭ راست بولسا...

بىرەيلەن ئەپەندىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئەپەندى ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا ئۇنى «مۇناپىق» دەپ تىللاپتۇ.

ھېلىقى ئادەم بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقى كەپتۇ ـ دە، ئەپەندىنىڭ ئالدىغا مۇشت كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— گەپ قىلە، كىم مۇناپىق؟ — دەپتۇ.

قورقۇپ كەتكەن ئەپەندى:

— شۇ كېلىشىڭىز راست بولسا، مەن مۇناپىق...، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق تارىيسى

# ئەپەندىنىڭ تۇرنىسى

ئەپەندى ئېتىزدىن بىر تۇرنا تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا بەكمۇ كېلەڭسىز تۇرغۇدەك. ئەپەندى ئاۋۋال تۇرنىنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىپتۇ. قاراپ كۆرسە يەنە ياقماپتۇ، ئاندىن پۇتىنى كېسىپتۇ، قارىغۇدەك بولسا بوينى بەك ئۇزۇن كۆرۈنۈپتۇ، ئەپەندى تۇرنىنىڭ بوينىنىمۇ كېسىپ تاشلاپ:

— مانا ئەمدى كۆڭۈلدىكىدەك قۇشقا ئوخشىدىڭ! — دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# مەسئۇلىيەت دائىرىسى

ئەپەندى چۈشكەن كېمە دېڭىزدا قارا بورانغا دۇچ كەپتۇ. كېمىچىلەر تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىپ خۇدادىن ئۆزلىرىنى ئامان - ئېسەن قىلىشنى تىلەپتۇ. بىراق ئەپەندى پىسەنتمۇ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— ئەپەندى، سىزگە نېمە بولدى؟ تېز خۇدادىن كېمىمىزنى ئامان قىل دەپ تىلەڭ!

ئەپەندى جايىدا مىدىرلىماستىن:

— مەن دېگەن بىر يولۇچى، بۇ كېمىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كەلسەك، ئۇ دېگەن سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئەمەس، — دەپتۇ.



# يامان بۇلاق

ئەپەندى تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇسسۇزلۇقتىن تاماقلىرى چاكىلداپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر بۇلاق ئۇچراپتۇ. بىراق بۇلاقنىڭ كۆزىگە قوزۇق قېقىپ قويۇلغانىكەن. ئەپەندى قوزۇقنى كۈچەپ تۇرۇپ بىر تارتقانىكەن، يىغىلىپ قالغان سۇ ئېتىلىپ چىقىپ، ئەپەندىنىڭ ئۈستىۋېشىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئەپەندى قوزۇقنى دەررۇ بۇلاقنىڭ كۆزىگە تىقىپ قويۇپ:

— ھەي بەچچىغەر، يامانلىقىڭدىن كۆزۈڭگە قوزۇق تىقىپ قويۇشقانىكەن، — دەپتۇ - دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاپ تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سىزمۇ ئۇيالماسسىز

ئەپەندىدىن بىر كىشى ئېشەك سوراپ كەپتۇ. ئەپەندىنىڭ بەرگىسى كەلمەي:

— پەقەت خاپا بولماڭ، ئېشىكىم ئۆيدە يوق ئىدى، — دەپتۇ، ئەپەندىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، ئېغىلدىكى ئېشەك ھاڭراپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئەپەندىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىدىن رەنجىپ:

— ئەپەندى، ئاپئاق ساقىلىڭىز بىلەن يالغان ئېيتىشتىن ئۇيالماسسىز؟ — دەپتۇ.

— ئاپئاق ساقىلىم بىلەن ئېيتقان گېپىمگە ئىشەنمەيسىزۇ، ئېشەكنىڭ گېپىگە ئىشەنگەنلىكىڭىزگە سىزمۇ ئۇيالماسسىز! — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئەپەندى ۋە هاممال

ئەپەندى بىر ئاغىنىسى بىلەن بازارغا بېرىپ بىر تاغار قوناق سېتىۋاپتۇ. ئەپەندى بىر هاممالغا تاغارنى يۈدۈگۈزۈپ ئۆيگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىراق، قالايمىقانچىلىقتا هاممالنى يوقىتىپ قويۇپتۇ.

ئارىدىن ئون كۈن ئۆتۈپ، ئەپەندى يەنە شۇ ئاغىنىسى بىلەن بازارغا كىرىپتۇ، يىراقتىن هېلىقى هاممالنى ئاغىنىسى كۆرۈپ قېلىپ ئەپەندىگە كۆرسىتىپتىكەن، ئەپەندى قاچماقچى بوپتۇ.

— سىز هاممالنى تۇتماقتا يوق، نېمىشقا قاچىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— هەي، بۇرادەر، نېمىشقا قاچمايدىكەنمەن؟ — دەپتۇ ئەپەندى، — ئەگەر هاممال مېنىڭ تاغىرىمنى ئون كۈندىن بېرى يۈدۈپ يۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ هەققىنى قەيەردىن تېپىپ بېرىمەن؟



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ماڭا يازغان خەت ئەمەس

ئەپەندى ناماز ئۆتىگىلى ئالدىراش مەسچىتكە كېتىۋاتسا، بىر دېھقان ئالدىنى توسۇپ ئىنىمغا بىر پارچە سالام خەت يېزىپ بەرسىڭىز دەپ ئەپەندىگە يالۋۇرۇپتۇ.

ئەپەندى نائىلاج قولىنىڭ ئۇچىدىلا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىپتۇ. دېھقان ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن، يەنە:

— ئەپەندى، بۇ خەتنى ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز، يەنە نېمە گەپ چۈشۈپ قالدىكىن، — دەپتۇ.

— جېنىم بۇرادەر، مېنىڭ ۋەزىپەم خەتنى يېزىپ بېرىش، ئوقۇپ بېرىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خەت ماڭا يېزىلمىغان تۇرسا، مېنىڭ ئوقۇش ھوقۇقۇم يوق! — دەپتۇ ئەپەندى.



# تېخى ئويلاشمىدىم

بىر كۈنى، ئەپەندى ئورەك كولاپتۇ. بۇنى كۆرگەن قوشنىسى ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندى، بەرىكەت بولسۇن، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟ — دەپتۇ.

— قۇدۇق كولاپ چىقارغان توپىلارنى مۇنۇ ئورەككە توشقۇزىۋېتەي دەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا ئورەكتىن چىققان توپىلارنى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قوشنىسى.

— بۇ ئىشنى مەن تېخى ئويلاشمىدىم، بىر قارارغا كەلگەندە سىزگە جاۋابىنى بېرەي، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

# پېشكەللىك

ئەپەندى قاراڭغۇ قازناقتا بىر نەرسە ئىزدەۋېتىپ، ئېگىز سۆپىدىكى غەلۋىرگە قولى تېگىپ كېتىپ، غەلۋىرگە قاچىلانغان سەۋزە، پىياز بىراقلا بېشىغا ئۆرۈلۈپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن ئەپەندى غەلۋىرنى كۆچەپ يەرگە بىر ئېتىپتىكەن، غەلۋىر قاڭقىپ چىقىپ ئۇنىڭ بېشىغا تېگىپتۇ. تېخىمۇ جىلە بولغان ئەپەندى غەلۋىرنى بىر تېپىپتىكەن، غەلۋىرنىڭ ياغىچى يەنىلا ئۆزىنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئاغرىتىۋېتىپتۇ.



# ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا ...

ئەپەندى قىشتا ئېشىكىگە يانتاق ئارتىپ كېلىۋېتىپ
مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۇ «ئېشەك جانىۋارمۇ مۇزلىغان بولسا
كېرەك، ھەر ئىككىلەن بىر ئاز ئىسسىنىۋالايلى» دەپ ئويـ
لاپتۇ ـ دە، يانتاقتا ئوت يېقىپتۇ. قۇرۇق يانتاق پاراسلاپ
كۆيۈشكە باشلاپتۇ. ئېشەك بولسا ئۆلەر ـ تىرىلىشىغا باقماي
قېچىپتۇ. ئېشەكنى قوغلاپ يېتەلمىگەن ئەپەندى ئېشەكنىڭ
كەينىدىن ۋارقىراپتۇ:

— ھاي ئېشىكىم، ئىگەڭچىلىك ئەقلىڭ بولسا، ئۆـ
زۆڭنى سۇغا ئات!



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە ...

ئەپەندىنىڭ بەش تۆگىسى بار ئىكەن. ئۇ تۆگىلىرىنى يېتىلەپ ئوتلاتقىلى مېڭىپتۇ، كەچتە بىر تۆگىگە مىنىپ، قالغان تۆگىلىرىنى يېتىلەپ ئۆيگە قايتىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە تۆگىلىرىنى سانىسا، تۆگىدىن تۆتى تۇرغۇدەك. ئۇ دەرھال تۆگىدىن چۈشۈپ سانىسا، تۆگىسى بەش چىقىپتۇ. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ تۆگىگە مىنىپ يەنە بىر قېتىم سانىسا، تۆگىلىرى يەنە تۆت چىقىپتۇ. ئۇ تۆگىدىن يەنە چۈشۈپ، ئۈچىنچى قېتىم سانىسا، تۆگىلىرى بەش ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئەپەندى: «خەير، بىر تۆگە زىيان تارتقۇچە، تۆگىلەرنى ياياق ھەيدەپ كەتكىنىم تۈزۈك ئىكەن» دەپ، تۆگىدىن چۈشۈپ، ئۇلارنى ھەيدىگىنىچە ئۆيگە قايتىپتۇ.



# ياشلىقىمۇ چاغلىق ئىدى

بىر كۈنى، ئەپەندى شەھەرگە كىرىدىغان يولدا بىر چوڭ ئېرىقتا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كۈچىنىپ تۇرۇپ بىر ئاتلاپتىكەن، پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىپ كۈلكىگە قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن:

— ئىسىت ياشلىقىم! ئىسىت ياشلىقىم! — دەپتۇ-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسا، ھېچكىم يوق ئىكەن.

— ۋايەي، ياشلىقىممۇ چاغلىق ئىدى ئەسلىدىنلا ئۆزۈم پالاكەت! — دېگىنىچە، كىيىملىرىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاخىر بىر كۈن گۆرگە كېلىدۇ

بىر بازار كۈنى، ئەپەندىنىڭ خۇرجۇنىنى ئوغرى ئاپتۇ. بىراق، ئەپەندى خۇرجۇنىنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى ئىزدىمەستىن، توپتوغرا قەبرىستانلىققا كېلىپ ساقلاپ يېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن خەقلەر:

— ئەپەندى، سىز ئوغرىنى ئىزدىمەستىن، بۇ يەرگە كېلىپ يېتىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوغرىنى ئىزدەپ نېمە ئاۋارە بولاتتىم؟ ھەرقانچە يامان ئوغرى بولۇپ كەتسىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى گۆرگە كېلىدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# گۆشىنى تۇزلىۋالىدۇ

بىر كەمبەغەل ئادەم ئېشىكىنى يوقىتىپ قويۇپ ئەپەندىگە هال ئېيتىپتۇ.

ئەپەندى ئۇنىڭغا:

— غەم قىلماڭ، ئېشىكىڭىز بايىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسىلا، چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئەگەر بايىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئېشىكىڭىزنى ئۆلگىچە ئىشلىتىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن پەتىۋا چىقىرىپ گۆشىنى تۇزلىۋالىدۇ، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۆز قولىغا بەردىم

باي بىر كىشىگە قارا چاپلاپ يازغان بىر پارچە خېتىنى ئەپەندىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەپەندى، بۇ خەتنى ئىتتىك بېرىپ قازىنىڭ ھويلىسىغا تاشلىۋېتىپ قايتىپ كەل! — دەپ جېكىلەپتۇ.

ئەپەندى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— خەتنى قانداق قىلدىڭ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، باي ئاكا، خەتنى قازى بېگىمنىڭ ئۆز قولىغا بەردىم، يەنە كېلىپ خەتنى سىزنىڭ يازغانلىقىڭىزنىمۇ ئېيتتىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئەمدى چىللىغىنىڭنى كۆرەي

ئەپەندىنىڭ خورىزى بەك ئەتىگەن چىللايدىغان بولۇۋېلىپ، ئەپەندىنى زادىلا ئۇخلاتمايدىكەن.

بىر كۈنى سەھەردە، ئەپەندى ئاچچىقىدا خورىزىنى تۇتۇۋېلىپ يوغان بىر قىڭراق بىلەن خورازنىڭ قۇيرۇقى بىلەن تاجىسىنى شارتتىدە كېسىۋېتىپتۇ. ئەپەندى خورىزىغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ:

— مانا ئەمدى مېكىيانغا ئوخشاپ قالدىڭ، ئەمدى چىللىغىنىڭنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# يەنە تۆت يىل مىنىسىز

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئەپەندىگە:

— ماۋۇ ئېشىكىمگە قاراپ بېقىڭە، ئۇنى سېتىۋېتەيمىكىن دەيمەن، — دەپتۇ.

— نېمىشقا سېتىۋېتىسىز؟ بىر ئوبدان تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئېشەكنى ئالغىلى تۆت يىل بولدى، مىنگىلىمۇ تۆت يىل بولدى، لېكىن مىجەزىنى تېخىچە تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىم، — دەپتۇ ھېلىقى ئاغىنىسى.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئۇنى يەنە تۆت يىل مىنىسىڭىز مىجەزىنى تولۇق چۈشىنەلەيسىز.



# ئوغرىدا گۇناھ يوقمۇ؟

بىر كۈنى، ئەپەندى يەنە ئېشىكىنى يىتتۈرۈپ قويۇپتۇ، خېلى ئۇزۇنغىچە ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندىنىڭ دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنىلىرى ئۇنى ئەيىبلەشكە باشلاپتۇ.

— ئېغىلىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقىغان بولسىڭىز، ئوغرى كىرەلمەيتتى، — دەپتۇ بىرى.

— سەن بەك ھاماقەت، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزۈڭنىمۇ يىتتۈرۈپ قويىسەن، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— سەن بەك ئۆلۈكتەك ئۇخلايسەن، شۇڭا ئوغرىنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيمىغان گەپ، — دەپتۇ يەنە بىرى.

— سىلەرچە، ھەممىسى مېنىڭ سەۋەنلىكىمكەن - دە، ئەجەبا ئوغرىدا ئازراقمۇ گۇناھ يوقمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى ئاچچىقلىنىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# بايغا قوي سويۇپ بېرىۋاتىمەن دەپ ئويلاپتىمەن

قۇربان ھېيت كۈنى، ئەپەندى ئۆيدە قوي سويۇۋېتىپ، ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن قوينىڭ بىر يانپىشىنى قويىنىغا تىقىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خوتۇنى ھەيران بولۇپ:

— ھوي ئەپەندى، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئەپەندى دەرھال ئېسىنى يىغىپ:

— ھوي راست، مەن تېخى بايغا قوي سويۇپ بېرىۋاتىمەن دەپ ئويلاپتىمەن، — دەپتۇ.



# كەلكۆن

بىر ئادەم خۇشال هالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، مەن بۇ يىل ئەللىك مو يەرگە بۇغداي تېرىغانىدىم، رەھىمسىز كەلكۆن ھەممە بۇغدىيىمنى ئېقىتىپ كەتتى، بىراق رەھىمدىل پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ، كەلكۆن كەلتۈرگەن زىيىنىمنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بەردى، — دەپتۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ، — دەپتۇ ئەپەندى دەرھاللا، — بۇنداق ئاپەتنى يەنە قانداق كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟

— بۇ قورقۇنچلۇق ئاپەتنى تىلەپ نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم ھەيران بولۇپ.

— مەنمۇ بۇ يىل ئەللىك مو يەرگە قوناق تېرىسام، پەقەت ئوخشىمىدى، — دەپتۇ ئەپەندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۆيۈمدىكى بوراندىن قېچىپ

تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ، كوچىدىكى خەقلەر ئۆي - ئۆيلىرىگە قېچىشىپتۇ. بىراق ئەپەندى بولسا ئۆزى يالغۇز ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ.

— هوي ئەپەندى، تېزرەك ئۆيىڭىزگە كىرىۋېلىڭ، بۇ يامغۇردا نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ خەقلەر هەيران بولۇپ.

— ئۆيۈمدىكى بوراندىن قېچىپ تالاغا چىقىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئەقىلگە ۋارىسلىق قىلىش

ئەپەندى قېرىپ قاپتۇ، بىر كۈنى، ئوغلى غەمكىن هالدا:

— دادا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز كېتىپ قالسىڭىز، بىز سىزنىڭ قايسى بايلىقىڭىزغا ۋارىسلىق قىلارمىز؟ — دەپتۇ.

ئەپەندى بىردەم ئويلىنىۋېلىپ چوڭقۇر بىر تىنىپ:

— بالام، مېنىڭ هېچقانداق بايلىقىم يوق، شۇنداقلا يەر - زېمىنىممۇ يوق. ئەمما، سەن بۇنىڭدىن قايغۇرمىغىن، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ ئەقلىمگە ۋارىسلىق قىلغىن، — دەپتۇ.

